# ئىككىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

بارلىق مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئەپەندىسىگە دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن!

بۇ ”هازىرقى زامان مەھەب ۋە پىكىر ئېقىملىرى ئېنسىكلوپېدىيەسى“ ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى نەشرى. بىرىنچى نەشرى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە تۈگەپ كەتتى. نەتىجىدە بىز، دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقىغا ئېنسىكلوپېدىيىنى تەلەپ قىلىپ كىلىۋاتقان خەتلەرگە جايىدا ئىنكاس قايتۇرالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، يېتىپ كەلگەن خەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈشكە، ئىلاۋە قىلىشنى مەقسەت قىلغان مەھەب ۋە ئېقىملارنى ئىلاۋە قىلىش ۋە كېرەكلىك مەلۇماتقا ئەڭ ئاسان يول بىلەن يېتىپ بېرىشنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەپسىلى مۇندەرىجە ئىشلەش قاتارلىق ئىشلارغا ساقلاپ تۇرماسلىقنى مۇناسىپ كۆردۇق.

ئېنسىكلوپېدىيىنى بۇ قېتىممۇ بىرىنچىسى باسمىسىغا ئوخشاشلا قولغا ئالغان ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمىز. چۈنكى،بۇ قېتىمقى نەشرىدىمۇ پەقەت ئورنى ئالماشقان مۇھىم شەخسلەرگە دائىر مەلۇماتلار ۋە بىرىنچى باسمىسىدا كۆرۈلگەن بېسىلىش خاتالىقلارنى تۈزىتىش بىلەن كۇپايىلەندۇق. ئەمما بىزنىڭ، جەمئىيەتتە ئورنى بار مەھەب ۋە تەشكىلاتلارغا ئائىت قولىمىزدا بار مەلۇماتلارنى ئىلاۋە قىلىش خۇسۇسىدىكى ۋەدە ۋە ئىستەكلىرىمىز ھېلىھەم مەۋجۇد. ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى نەشرلىرىدە قوشۇلىشى ھەممىمىز ئۈچۈن پايدىلىق.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئېنسىكلوپېدىيىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭدىن ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى تاپالىغان ۋە بۇ مەلۇماتلارنى ئاسان ۋە قۇلاي شەكىلدە ھازىرلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ”دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى “غا رەھمەت ئېيتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئېھتىرامىمىز ۋە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرى، تەنقىد، ئىلاۋە ياكى باھا خاراكتېرىدىكى پىكىرلىرى بىلەن تەمىنلىگەن كىشىلەرگىمۇ رەھمەت ئېيتىمىز ۋە ئۇ پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ ئاللاھ خالىسا، ئېتىبار بىلەن قارىلىدىغان تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىمىز. ئۇلارغا خالىس ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە ئاللاھنىڭ ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

نىيەتلەرنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھ باردۇر، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى باش كاتىپى

د. مانىئ ئىبنى ھەمماد ئەلجۇھەنى

www.munber.org